«ئامېرىكا بۇنىڭ سىرتىدا» — زىيانلىق بولغان مەدەنىيلىكتە ئۈستۈن سەپسەتىسى

—— قوش ئۆلچەم قوللىنىش جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ

☐جۇڭ شېڭ

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار خەلقئارا ئىشلاردا قوش ئۆلچەم قوللىنىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ھە دېسىلا ئاتالمىش «ئامېرىكا بۇنىڭ سىرتىدا» بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئامېرىكا مەڭگۈ قائىدىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك، قائىدىنىڭ سىزغۇچى باشقىلارنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدۇ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار قولىدا قوش ئۆلچەمنى تۇتۇپ، سودا، قەرز، قائىدە، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق ساھەلەردە ھە دەپ بولۇشچە بىلجىرلاپ، قالايمىقان لوگىكىسى ۋە ھاكاۋۇر قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. مەسىلەن، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قائىدىسى مەسىلىسىدە، ئامېرىكىنىڭ ھازىرغا قەدەر ئەڭ چوڭ «قائىدىگە ئەمەل قىلمىغۇچى» ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگونى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ. يەنە مەسىلەن، پۈتۈن يەر شارى كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئورتاق ھۆججەتتە «كىلىمات ئۆزگىرىشى»نى تىلغا ئېلىشنى رەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، شىمالىي قۇتۇپ كېڭىشى مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنىنىڭ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم قوشما باياناتنى ئېلان قىلالمىغانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا دۆلەت كاتىپى پومپېئو ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ: جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى دۆلەت شىمالىي قۇتۇپقا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بۇزىدىغان تەھدىت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن، دېدى.

بۇنداق ھەر خىل ھەر ياڭزا ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى «قائىدىدىن ئۈستۈن» كۆرىدىغان ساختا خىيالىي تۇيغۇسى، باشقىلاردىن ئېلىشىنىلا تەلەپ قىلىدىغان ئۆكتەم پسىخىكىلىق ھالىتىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

«ئامېرىكا بۇنىڭ سىرتىدا» ماھىيەتتە بىر خىل مەدەنىيلىكتە ئۈستۈن سەپسەتىسى، يەنى، ئامېرىكا باشقا ھەرقانداق دۆلەتكە ئوخشىمايدۇ، «ئۇلۇغ بولمىقى مۇقەررەر» شۇنداقلا «جەزمەن دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىدۇ» دېيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەسىلەن، لاتىن ئامېرىكىسى ئىشلىرىدا، ئامېرىكا ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنى ئۆزىنىڭ «ئارقا ھويلىسى» دەپ قاراپ، سېسىق نامى پۇر كەتكەن «مونروئىزم»نى توقۇپ چىقىرىپ، ھە دېسىلا بېسىم ئىشلىتىپ، تەھدىت سېلىپ ھەتتا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، لاتىن ئامېرىكىسى رايونىنىڭ خاتىرجەمسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ بىر قىسىم دۆلەتلەرگە ئاتالمىش دېموكراتىيە چىقىرىش نەتىجىسىنىڭ جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشى، مىللىي قارشىلىشىش ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، بۇ قاراش ساختا بولۇپلا قالماستىن، يەنە ناھايىتى زىيانلىق.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ قىلچە ھېيىقماي، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا «ئامېرىكا بۇنىڭ سىرتىدا» بىلەن ھە دەپ شۇغۇللىنىشىغا، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان زومىگەرلىك تەپەككۇرى سەۋەب بولغان. ئۇلارنىڭ قاتتىق باش قاتۇرۇپ تۈرلۈك يالغان گەپلەرنى توقۇشى، تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى تېپىشى، ماھىيەتتە باشقا دۆلەتلەرنىڭ يوللۇق تەرەققىيات ھوقۇق - مەنپەئەتىنى بېسىپ، سىياسىي ۋاستە ئارقىلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە خالىغانچە كاشىلا پەيدا قىلىدىغان زومىگەرلىك قىلمىشىدىن ئىبارەت. پومپېئونىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يېتىشنى باھانە قىلىپ تەرەپ - تەرەپتە ۋەز ئېيتىپ، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە خۇاۋېي شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىش توغرىسىدا تەھدىت سېلىشى، قەزىتقۇرۇشى دەل ئامېرىكا ماختىنىۋاتقان بازار قائىدىسى، خەلقئارا سودا مىزانىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلغانلىق. بۇ ھەقتە، ئەنگلىيە «مۇھاپىزەت گېزىتى»نىڭ ماقالىسىدە ئەجەللىك يېرىگە دەل تەگكۈزۈپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: پومپېئو سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى بىر ئەۋلاد كىشىگە تەۋە بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادا يەنىلا «ئامېرىكا بۇنىڭ سىرتىدا» ۋە ئامېرىكا زومىگەرلىكىگە مەپتۇن بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ.

ھەرقانچە كامالەتكە يەتكەن سېھىرگەرلىكنىڭمۇ ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدە يوچۇق كۆپ. ئۇلارنىڭ قوش ئۆلچەم قوللىنىدىغان قىلمىش - ئەتمىشلىرى بۇرۇنلا خەلقئارا جەمئىيەتكە تونۇشلۇق بولۇپ، دائىم كۈلكە ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى پېنسى ساختا كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتتە باشقا دۆلەتلەرگە «ئاسانلا جۇڭگونىڭ ‹قەرز قىلتىقى›غا چۈشۈپ كەتمەڭلار» دەپ ئەسكەرتكەندە، پاكىستان خەلق پارلامېنتى مالىيە، باج ۋە ئىقتىساد ئىشلىرى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئاساد ئۆمەر گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىپ: «ئۇلار ئۆزى مەبلەغ سالغاندا، بۇنى سودا مەقسىتىدە قىلدۇق، دېدى. جۇڭگو مەبلەغ سالغاندا، ئۇلار بۇنى كىچىك دۆلەتلەرنى قول قىلىش سۇيىقەستى، دەپ تەسۋىرلىدى. بۇ دەل ساختىلىق قىلىپ قوش ئۆلچەم قوللانغانلىق!» دېدى. ۋاشىنگتوننىڭ نۇرغۇن ئۇسۇللىرىغا قارىتا، ئامېرىكىنىڭ سابىق مالىيە مىنىستىرى جاكوب لۇ «ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەرگە تەلەپ قويغاندا، ئۆزىمۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك» دەپ ئەسكەرتىش بەرمەي تۇرالمىدى.

ئۆزئارا ئالاقە كونسېرى قويۇقلىشىۋاتقان يەر شارى كەنتىدە، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر تارىختىكى ھەرقانداق چاغدىكىگە قارىغاندا قائىدە ئېڭىنى كۈچەيتىشكە، بىرلىكتە ھەمكارلىشىش جەريانىدا ئىنسانلار جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولماقتا. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ يوللۇق مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ئەۋزەل ئورنىنى قوغداش ھوقۇقى يوق، ئەخلاق - ھەققانىيەت كەمچىل بولغان قارام ھەرىكىتىگە تايىنىپ «ئامېرىكىنى قايتا تۆرگە چىقىرىشى» تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. قوش ئۆلچەمنى يولغا قويۇپ، ئاتالمىش «ئامېرىكا بۇنىڭ سىرتىدا» بىلەن شۇغۇللىنىش دەل خەلقئارا قائىدىگە قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر زەربە بەرگەنلىك. خۇددى ئامېرىكا كولۇمبىيە داشۆسىنىڭ ئىقتىساد ئىلمى پروفېسسورى جېففېرى ساكس ئېيتقاندەك، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى قويۇق گىرەلىشىپ، تەقدىرى زىچ باغلىنىپ كەتكەندە، «ئامېرىكا بۇنىڭ سىرتىدا» سەپسەتىسى ئېھتىمال ئامېرىكىنى «21 - ئەسىردىكى مۇتتەھەم دۆلەت»كە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، جاھان ئەھلىنىڭ قەلبىدە بىر تارازا بار. مەيلى كىم بولسۇن، خەلقئارا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان قائىدە ۋە ئۆلچەمگە خىلاپلىق قىلىپ قالايمىقان ئىش قىلىدىغان بولسا، ئاخىرقى ھېسابتا تۆگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالىدۇ، خالاس.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال ياڭ خۇچېڭ:
قىزىل دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ كۈچ سىنىشىشنى بېسىقتۇردى

ياڭ خۇچېڭنىڭ سۈرىتى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى خاۋ) شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ چاڭئەن رايونىغا جايلاشقان گېنېرال ياڭ خۇچېڭ قەبرىستانلىقىغا كىرگىنىمىزدە، قەبرىستانلىق سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئۇدۇل تەرەپتىكى يانتۇلۇقتا «مەڭگۈلۈك تۆھپىكار» «مىللىي قەھرىمان» دېگەن سەككىز چوڭ خەت بار ئىدى. ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سەممىي دوستى ياڭ خۇچېڭ مۇشۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن.

ياڭ خۇچېڭ، 1893 - يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ پۇچېڭ ناھىيەسى گەنبېي كەنتىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1909 - يىلى، ئۇ بايلاردىن تارتىۋېلىپ، كەمبەغەللەرگە بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان جۇڭچيۇ جەمئىيىتىنى قۇرغان. 1911 - يىلى، ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن شەنشى خەلق ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، شىنخەي ئىنقىلابىغا ئاتلانغان. 1915 - يىلى يۈەن شىكەيگە جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1917 - يىلى شەنشى جىڭگو ئارمىيەسى 3 - يول ئارمىيەسى 1 - تارماق ئەترىتىنىڭ سىلىڭلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1921 - يىلى جىڭگو ئارمىيەسى 3 - يول ئارمىيەسىنىڭ سىلىڭلىقىغا تەيىنلەنگەن.

1924 - يىلى، ياڭ خۇچېڭ گومىنداڭ پارتىيەسىگە كىرگەن. 1925 - يىلى خەلق ئارمىيەسى 3 - جۈن 3 - شىسىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ سۇن جۇڭشەننىڭ «ئۈچ بۈيۈك سىياسىتى»نى ھىمايە قىلىپ، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىشنى پائال تەشەببۇس قىلىپ، كومپارتىيە ئەزاسى ۋېي يېچوۋنى ئۆزى ئاچقان ئۈچ مەسلەك ئوفىتسېرلار مەكتىپى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەشكە تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنچىل كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن بولغان ياخشى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلىغان. مۇشۇ مەزگىلدە، ياڭ خۇچېڭ ئەكسىيەتچى مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم داغدۇغىلىق ئىنقىلاب دولقۇنىدىن ئىلھاملىنىپ مۇنداق يازغان: چوڭ قۇرۇقلۇق قاتتىق ئۇخلاپ ياتتى ئۇزاق، توپ - توپ يىرتقۇچلار تەپتارتماي يەر شارىدا يۈردى يىراق. جەسەتلەر دۆۋىلەندى تاغدىن ئېگىز، قىزىل دولقۇن كۈچ سىنىشىشنى بېسىقتۇردى بىراق.

1927 - يىلى، ياڭ خۇچېڭ خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيە 10 - يول ئارمىيەسىنىڭ باش سىلىڭلىقىغا تەيىنلىنىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1929 - يىلى خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسىنىڭ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 14 - شىسىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن. كېيىن 17 - شىنىڭ شىجاڭلىقىغا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 7 - جۈننىڭ جۈنجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1930 - يىلى 17 - يول ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى، شەنشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، شىئەن تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. ياڭ خۇچېڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى غەربىي شىمال ئالاھىدە ياچېيكىسىنىڭ خىزمىتىنى يوشۇرۇن قوللاپ، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. 1933 - يىلى، سىچۈەن، شەنشىگە كىرگەن قىزىل 4 - يۆنىلىش ئارمىيەسى بىلەن ئۆزئارا دەخلى - تەرۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى تۈزگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شەنشى، گەنسۇغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى ۋاڭ فېڭ بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىگە تامامەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى ھاسىل قىلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 1936 - يىلى كۈزدە جاڭ ۋېنبىننى 17 - يول ئارمىيەسىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن.

1936 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ياڭ خۇچېڭ جاڭ شۆلياڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەلىپىگە ماسلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، شىئەن ۋەقەسىنى قوزغىغان. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قەتئىي تۈردە تىنچ ئۇسۇلدا ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ھەم جوۋ ئېنلەي قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ شىئەنگە ئەۋەتىپ جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭلارغا ياردەملىشىپ ۋەقەنى توغرا ھەل قىلغان. شىئەن ۋەقەسىنىڭ تىنچ ھەل قىلىنىشى ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ تۈگۈنىگە ئايلانغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئون يىللىق ئىچكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئاساسەن ئاخىرلاشقان، ئىچكى تىنچلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشقان، بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ - كومپارتىيە ئىككى پارتىيەنىڭ 2 - قېتىملىق ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلانغان.

شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن، ياڭ خۇچېڭ جياڭ جيېشىنىڭ مەجبۇرىي بۇيرۇقى بىلەن ئىستىپا بېرىپ «چەت ئەللەرگە تەكشۈرۈشكە چىققان». پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن، ئارقىدىنلا گومىنداڭ تەرىپىدىن 12 يىلدىن ئارتۇق نەزەربەند قىلىنغان، تۈرمىدە، ئۇ ھەققانىيەت يولىدا مەردانىلىك بىلەن چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تىز پۈكمەي، باشتىن - ئاخىر ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا چىڭ تۇرغان. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ياڭ خۇچېڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇ شۇ يىلى 56 ياشتا ئىدى.

1950 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شەنشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياڭ خۇچېڭنى شىئەننىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى شاۋلىڭ يۈەنپەنگە دەپنە قىلغان ھەم گېنېرال ياڭ خۇچېڭ قەبرىستانلىقىنى قۇرغان. بۇ يەر بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن مەملىكەتتىكى نۇقتىلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە ئىمارىتى سۈپىتىدە قوغدىلىدىغان ئورۇنغا ئايلاندى.

قەھرىمانلار، قۇربانلارنى ياد ئېتىش، كېيىنكىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن، 2011 - يىلى يەرلىك ھۆكۈمەت گېنېرال ياڭ خۇچېڭ خاتىرە سارىيى سېلىپ، سۈرەت، يېزىق، سىن، ئەسلىي مەنزىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى گېنېرال ياڭ خۇچېڭنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىغا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئىزلىرىنى يەنىمۇ چۈشەندۈردى.

ئالدىنقى تۆت ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن 22 مىڭ 600 ئىگىلىك تىكلىگۈچى كۆپەيدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇزىكىغا قىزىققاچقا، 2018 - يىلى، ئۇ مەكتەپ يېڭىلىق يارىتىش - ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسىدىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىدە، مۇزىكا خىزمەتخانىسى قۇرۇپ، ھازىرغىچە 30 نەچچە مەيدان ئويۇن قويۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. بۇ يىل، ئۇ خىزمەتخانىسىنىڭ كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى ئويلاشتى، ئەمما مەبلەغ يېتىشمىدى، بېشى قېتىپ تۇرغاندا، يېڭىلىق يارىتىش - ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسىدىكى ئوقۇتقۇچى ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل سوممىسىنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىك خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىك تىكلەشكە يار - يۆلەك بولۇش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىگىلىك تىكلىگۈچى خادىملارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىگىلىك تىكلەش كەيپىياتى يارىتىشقا كۈچەپ، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرزى ۋە ياردەم ئۆسۈم سىياسىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرزىدە شەخسلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەرز ئېلىش سوممىسىنى 100 مىڭ يۈەندىن 150 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك كۈچ جۇملەشكەن كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ قەرز سوممىسىنى 2 مىليون يۈەندىن 3 مىليون يۈەنگە ئۆستۈرۈپ، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ۋە كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى، باج - ھەقنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تولۇقلىمىسى، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش تولۇقلىمىسى قاتارلىق سىياسەت «بىرىكمە مۇشت»لىرىنىڭ قوزغىتىشىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈنۈمىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 4 - ئايغا قەدەر، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېڭىدىن 22 مىڭ 600 ئىگىلىك تىكلىگۈچى كۆپەيگەن بولۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ 75.3%ى تاماملانغان؛ 41 مىڭ 800 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇنۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ 46.4%ى تاماملانغان. بۇنىڭ ئىچىدە، يەككە سودا - سانائەت بويىچە ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر 20 مىڭ 300 كىشى، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانا بويىچە ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر 1400 كىشى، توردا ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر 200 كىشى، باشقا تۈردىكى ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر 700 كىشى بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە، يېڭىلىق يارىتىش - ئىگىلىك تىكلەش ئېڭى ئالىي مەكتەپلەردە چوڭقۇرلاشتى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش - ئىگىلىك تىكلەشكە قاتنىشىش ئېڭى كۈچىيىپ، قىزغىنلىقى ئېشىپ، كونسېرى يېڭىلىق يارىتىش - ئىگىلىك تىكلەشنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنىغا ئايلاندى. سانجى كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى يېڭىلىق يارىتىش - ئىگىلىك تىكلەش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ پىڭفېينىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ شۆيۈەننىڭ يېڭىلىق يارىتىش - ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسى 2017 - يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، جەمئىي 200دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ئىگىلىك تىكلەشكە قاتنىشىشىغا ياردەم بەرگەن، ئىگىلىك تىكلەش تۈرى 30غا يەتكەن. بۇ شۆيۈەندىكى بۇ يىل مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچى تۇرسۇنمەمەت نۇرمەمەت روۋىخەتكە ئالدۇرۇپ شىركەت قۇرغان، ئاساسلىق تىجارىتى ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بولۇپ، بەش ئوقۇغۇچىنى شىركەتتە پىراكتىكا قىلىشقا قوبۇل قىلغان.

«ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ئارىسىدا، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر بىرقەدەر ئاكتىپ توپ.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - ئىگىلىك تىكلەشكە ئالاقىدار يۆلەش سىياسىتىگە ئاساسەن، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەردىن كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى قۇرغان ياكى يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن ئۈچ يىل ئىچىدە باشقۇرۇش تۈرى، تىزىملاش تۈرى ۋە كىنىشكا تۈرى قاتارلىق مەمۇرىي كەسپىي خاراكتېرلىك ھەقلەر كەچۈرۈم قىلىنىدىكەن؛ ئېلېكترونلۇق سودا تور سۇپىسىدا تور دۇكىنى ئاچقانلار قاتارلىق توردا ئىگىلىك تىكلىگەنلەر ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش تولۇقلىمىسى، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ۋە ياردەم ئۆسۈم، باج - ھەقنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق ئىگىلىك تىكلەشكە يار - يۆلەك بولۇش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدىكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەقنى تۆۋەنلىتىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر، بازارلاردىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن باشقا ئورۇنلار ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورۇنلار ۋەزىنلىك ھېسابلىغان تولۇق ئۆلچەملىك ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى بويىچە ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا تاپشۇرىدىغان شەخسىي ھەق تۈپ سانىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن چېكىنى بېكىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا تاپشۇرۇلىدىغان ھەقنىڭ ئۆلچىمىنى بىرتۇتاش ھەق تاپشۇرۇش تۈپ سانى بويىچە بېكىتتى، دۆلەت تەلەپ قىلغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى تۈپ سانىنى تەڭشەش ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەمەلىيلەشتى، مۆلچەرلىنىشىچە پۈتۈن يىلدا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرۇش يۈكى 6 مىليارد 200 مىليون يۈەن ئەتراپىدا يېنىكلەيدىكەن.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى ئېلىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، بۇ يىل 4 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، 2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنىڭ يەنىمۇ تۆۋەنلىتىلگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوندىكى باج تارماقلىرى باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشنى باش تېما قىلىپ، بايلىقلارنى مۇجەسسەملەپ، كۈچىنى توپلاپ، ئەمەلىي، چىڭ تەدبىرلەر ئارقىلىق باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش خىزمىتىنى تەكشى، مۇقىم ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ ئۇدا 6 - يىلى «خەلققە قولايلىق باج بېجىرىش باھار شامىلى ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشنى چۆرىدەپ، تۆت چوڭ تۈردىكى، 54 ماددىلىق خەلققە قولايلىق باج بېجىرىش مۇلازىمەت تەدبىرى چىقاردى؛ رايونلار، باج تاپشۇرغۇچىلار، سىياسەتلەر پەرقلەندۈرۈلگەن باجنى كېمەيتىشنى ئىستاتىستىكا قىلىپ ھېسابلاش سىستېمىسىنى قۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى سىياسەت ۋە كونا سىياسەتلەرنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنىڭ مۇكەممەل ئىنكاس قىلىنىشىغا، يولغا قويۇلۇش نەتىجىسى ۋە ئۈنۈمىنىڭ تولۇق نامايان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ئەي شىنلۇ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە ھەرقايسى تارماقلار ماسلىشىپ ھەمكارلىشىپ، قەتئىي تۈردە باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرمىلارنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۈدۈللاشتۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، سىياسەتنى يولغا قويۇشتا ئەڭ ياخشى ئۈنۈم يارىتىشقا تىرىشىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)